# شىنجاڭنىڭ 2020 ـ يىللىق ئالىي مەكتەپ ئىمتىھان نومۇر چېكى ئېلان قىلىندى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاۋ شىيا خەۋەر قىلىدۇ: 7 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش كومىتېتى ئومۇمىي يىغىن ئېچىپ، رايون ئىچى ـ سىرتىدىكى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ شىنجاڭدا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش پىلانى، ئىمتىھان بەرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەتىجىسى، قوبۇل قىلىشتىكى ئارخىپ چىقىرىش ئۇسۇلى قاتارلىق ئامىللارغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 2020 ـ يىللىق ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشتىكى ھەرقايسى تۈركۈملەرنىڭ ئەڭ تۆۋەن ئارخىپ چىقىرىش كونترول نومۇر چېكىنى قاراپ چىقىپ بېكىتتى.

ئىگىلىنىشچە، بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىزدا ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ توردا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشى 8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى باشلىنىپ، 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئاخىرلىشىشى مۆلچەرلەنگەن. ھەرقايسى تۈركۈملەردە پىلان ئورۇندالمىسا «شىنجاڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش تورى» ئارقىلىق داۋاملىق ئارزۇ قوبۇل قىلىنىدىكەن، جەمئىي بەش قېتىم توردا ئارزۇ قوبۇل قىلىش ئورۇنلاشتۇرۇلىدىكەن. ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ ئىمتىھان مەھكىمىسى يېقىندا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنىڭ تەپسىلىي ئورۇنلاشتۇرۇش ۋاقتى ھەم ھەرقايسى تۈركۈملەردىكى پىلانى ئورۇندالمىغانلارنىڭ ئارزۇ قوبۇل قىلىش ۋاقتىنى ئېلان قىلىدىكەن، ئىمتىھان بەرگەن ئوقۇغۇچىلار ھەم ئاتا ـ ئانىلار «شىنجاڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش تورى» «شىنجاڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش» ۋېيشىن ئاممىۋى نومۇرىدا ئېلان قىلىنغان ئالاقىدار ئۇچۇرلارغا يېقىندىن دىققەت قىلىپ، ئارزۇ قوبۇل قىلىشنى تولدۇرۇش ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋېتىشتىن ساقلىنىشى كېرەك ئىكەن.

ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ ئىمتىھان مەھكىمىسى كەڭ ئىمتىھان بەرگەن ئوقۇغۇچىلار ھەم ئاتا ـ ئانىلارنى مۇنداق ئەسكەرتتى: ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بۇ يىلقى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشتىكى تولۇق كۇرس ئالدىنقى تۈركۈمىنىڭ توردا ئارزۇ تولدۇرۇش ۋاقتى 8 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى سائەت 18دە ئاخىرلىشىدۇ، باشقا تۈركۈمنىڭ ئارزۇ تولدۇرۇش ۋاقتى 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى سائەت 18دە ئاخىرلىشىدۇ. ئىمتىھان بەرگەن ئوقۇغۇچىلار ھەم ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئارزۇ تولدۇرۇش ۋاقتىنى بىرتۇتاش ياخشى پىلانلاپ، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھان نەتىجىسى، ئورۇن تەرتىپى، ئالاقىدار ئالىي مەكتەپلەرنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ئارخىپ چىقىرىش نومۇر چېكى، تەڭ دەرىجىلىك ئارزۇ بويىچە ئارخىپ چىقىرىش قائىدىسى قاتارلىق كۆپ جەھەتتىكى ئامىللارنى ئۇنىۋېرسال ئويلىشىپ، ئارزۇنى ئوبيېكتىپ، ئاقىلانە تولدۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمىز. ئارزۇ تولدۇرۇش ۋاقتى ئاخىرلىشىشقا ئاز قالغاندا ئارزۇنى ئۆزگەرتىشتىن ساقلىنىش، تور قىستاڭچىلىقى ياكى جىددىيلىشىپ ئالاقزەدە بولۇش سەۋەبىدىن ئارزۇغا ئالاقىدار سانلىق مەلۇماتلارنىڭ توغرىلىقىغا تەسىر يېتىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

## 自治区2020年普通高校招生各批次最低投档控制分数线

| 分数线 \ 计划类型 / 科类 | | 普通类 | 单列类 | 双语类 | 民语言类：维吾尔、哈萨克、柯尔克孜语言 总分 | 民语言类：维吾尔、哈萨克、柯尔克孜语言 数学单科限分 | 民语言类：蒙古语言 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 文科 | 本科一批次 | 482 | 397 | 346 | 345 | 34 | 各批次从高分到低分录取，适当控制总分及单科分 |
| | 本科二批次 | 370 | 343 | 322 | 256 | 29 | |
| | 高职（专科）批次 | 180（参考分数线） | 180（参考分数线） | 180（参考分数线） | 从高分到低分适当控制分数 | | |
| 理科 | 本科一批次 | 431 | 358 | 333 | 288 | 36 | |
| | 本科二批次 | 317 | 294 | 278 | 228 | 32 | |
| | 高职（专科）批次 | 180（参考分数线） | 180（参考分数线） | 180（参考分数线） | 从高分到低分适当控制分数 | | |
| 体育类 | 本科提前批次 | 术科72 | 术科72 | 术科72 | 术科84 | | |
| | | 文化课230 | 文化课230 | 文化课230 | 文化课225 | | |
| | 高职（专科）提前批次 | 术科 71 | 术科71 | 术科71 | 术科74 | | |
| | | 文化课180 | 文化课180 | 文化课180 | 文化课175 | | |
| 艺术类 | 本科提前批次 | 术科从高分到低分适当控制分数 | 术科从高分到低分适当控制分数 | 术科从高分到低分适当控制分数 | 术科从高分到低分适当控制分数 | | |
| | | 文化课222，舞蹈、表演专业190 | 文化课207，舞蹈、表演专业178 | 文化课196，舞蹈、表演专业168 | 文化课164，舞蹈、表演专业140 | | |
| | 高职（专科）提前批次 | 术科从高分到低分适当控制分数 | 术科从高分到低分适当控制分数 | 术科从高分到低分适当控制分数 | 术科从高分到低分适当控制分数 | | |
| | | 文化课150 | 文化课140 | 文化课130 | 文化课120 | | |

注：“三校生升高职”计划从高分到低分录取，适当控制分数。

# ئالدىنقى يەتتە ئايدا پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە بىلىم مۈلۈك هوقۇقى رەنىلىك قەرز پۇلى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 208% ئاشتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق بازار نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسى بىلىم مۈلۈك هوقۇقى مۇلازىمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش مەركىزى يۇقۇم مەزگىلدە بىلىم مۈلۈك هوقۇقىنى رەنىگە قويۇپ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىدىغان بىر قاتار تەدبىرلەرنى تۈزدى، بۇ تەدبىرلەر بىلىم مۈلۈك هوقۇقىنى رەنىگە قويۇپ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشنى بېجىرىش تەرتىپىنى يەنىمۇ ئەلالاشتۇرۇش، بىلىم مۈلۈك هوقۇقىنى رەنىگە قويۇپ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش يېشىل مۇلازىمەت يولى ئېچىش، ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ رەنىگە قويۇپ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش يوللىرىنى پائال كېڭەيتىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ بىلىم مۈلۈك هوقۇقى ئارقىلىق مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش ئېھتىياجىغا پۈتۈن كۈچ بىلەن مۇلازىمەت قىلدى.

پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە كۆپلىگەن كارخانا بىلىم مۈلۈك هوقۇقىنى رەنىگە قويۇش ئارقىلىق مەبلەغ يۈرۈشتۈردى. بۇنىڭ ئىچىدە جيۇشېڭخې ئۇرۇقچىلىق پاي چەكلىك شىركىتى «جيۇشېڭخې» يۈرۈشلۈك تاۋار ماركىسىدىن 137 تۈرنى ۋە يەتتە تۈرلۈك پاتېنتنى بىرىكتۈرۈپ رەنىگە قويۇش ئارقىلىق، مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا 100 مىليون يۈەن قەرز پۇل ئېلىش ئىناۋىتىگە ئېرىشتى؛ شىنجاڭ لۇسەي سۇ تېجەش پەن ـ تېخنىكا تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا 5 مىليون يۈەن مەبلەغ يۈرۈشتۈردى، شىنجاڭ جۇڭشىن خىمىيە سانائىتى پاي چەكلىك شىركىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا 23 مىليون يۈەن مەبلەغ يۈرۈشتۈردى.

بىلىم مۈلۈك هوقۇقى مۇلازىمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى يۈ شېڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: يېقىندا، بۇ ئىدارە پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى توققۇز پەن ـ تېخنىكا تىپىدىكى كارخانىغا بىلىم مۈلۈك هوقۇقى رەنىلىك قەرز پۇلى ئۆسۈم ياردىمى ئۈچۈن 1 مىليون 200 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق ياردەم پۇل تەكشۈرۈپ ئاجراتتى. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈپ ئاجرىتىش كارخانىلارنىڭ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش تەننەرخىنى مەلۇم دەرىجىدە تۆۋەنلىتىپ، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش بايلىقى + پۇل مۇئامىلە كاپىتالى + ھۆكۈمەت مەبلىغىنى يۇغۇرۇشتا يېڭى بۆسۈشنى ئىشقا ئاشۇردى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

دەل شۇنداق بولغاچقا، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتا جەزمەن كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى مۇھىم نۇقتا قىلىش كېرەك، بۇ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ ئوتتۇرا ـ تۆۋەن دەرىجىدىن ئوتتۇرا ـ يۇقىرى دەرىجىگە قاراپ ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولۇپ، مەھسۇلاتنىڭ دەرىجىسىنى تۆۋەن قوشۇلما قىممەتتىن يۇقىرى قوشۇلما قىممەتكە قاراپ ئۆستۈرۈپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئەمەلىي ئىقتىسادنى پۇختىلاش، كۈچەيتىش، ئەلالاشتۇرۇش كېرەك. ئەمەلىي ئىقتىساد بىر دۆلەت ۋە رايوننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا پۇت تىرەپ تۇرۇش ئاساسى، بايلىق يارىتىش تۈپ مەنبەسى. «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە ئەمەلىي ئىقتىسادنىڭ مۇقىم تەرەققىي قىلىشى ئىنتايىن مۇھىم. ھازىر، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ تەسىرىدە، بىز دۇچ كېلىۋاتقان ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات ۋەزىيىتى كەسكىن، مۇرەككەپ بولۇۋاتىدۇ، ئەھۋالنى كۆزىتىپ ۋەزىيەتنى مۆلچەرلەپ، ئىرادىنى ساقلاپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى قىلچە تەۋرەنمەي ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، ئەمەلىي ئىقتىسادنى ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇپ پۇختىلىغان، كۈچەيتكەن، ئەلالاشتۇرغاندىلا، تەرەققىيات ئاساسىنى پۇختىلاپ، تەرەققىيات زاپاس كۈچىنى كۈچەيتكىلى، ئىلگىرىلەش يولىدىكى تۈرلۈك خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسلارغا ئۈنۈملۈك تاقابىل تۇرغىلى بولىدۇ.

1 ـ، 2 ـ، 3 ـ كەسىپنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىش كېرەك. يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشتا جەزمەن ئۈچ كەسىپنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەدە ماس تەرەققىي قىلىشىنى كۈچەپ ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. بىز 1 ـ كەسىپنىڭ سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، 2 ـ كەسىپتە مۇھىم نۇقتىنى چىڭ تۇتۇپ، 3 ـ كەسىپنى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ كەسىپنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىشىمىز كېرەك. 1 ـ كەسىپتە كۆلىمى بىر قەدەر چوڭ، ئەسلىھەلىرى مۇكەممەل، خاسلىقى روشەن بولغان بىر تۈركۈم يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇرۇپ، بىر تۈركۈم رايون خاس سۈپەتلىك ماركىسى يارىتىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىرىنى ئېچىش سالمىقىنى زورايتىپ، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىشنى جىپسىلاشتۇرۇش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك پۈتۈن كەسىپ زەنجىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. 2 ـ كەسىپتە ئەنئەنىۋى كەسىپلەرنى ئۆزگەرتىش، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى تۇتقا قىلىپ، يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، زورايتىشنى بۆسۈش نۇقتىسى قىلىپ، يېڭى ئېنېرگىيە، يېڭى تېخنىكا، يېڭى ماتېرىيال، ئېنېرگىيە تېجەپ مۇھىت ئاسراش، بىيو تېببىي دورىگەرلىك، چوڭ سانلىق مەلۇمات، ئەقلىي ئىقتىدارلىق تېرمىنال قاتارلىق ئىستراتېگىيەلىك يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەرنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، سانائەتنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى تېزلىتىش، كەسىپ ئەۋزەللىكىنى يېتىلدۈرۈش، زورايتىش كېرەك. 3 ـ كەسىپتە سودا ئەشيا ئوبوروتى، ئېلېكترونلۇق سودا ئىشلىرى، پۇل مۇئامىلە مۇلازىمىتى، ئۇچۇر ۋاستىچىلىكى، سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ـ كۈتۈنۈش كەسپى قاتارلىق زامانىۋى مۇلازىمەت كەسىپلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، تۈرلۈك بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەشكە قاتنىشىشىغا تۈرتكە بولۇپ، مۇلازىمەت كەسپىنىڭ تەرەققىيات يوشۇرۇن كۈچىنى يەنىمۇ قويۇپ بېرىش كېرەك؛ ساياھەتچىلىكنىڭ تېز ئەسلىگە كېلىشى، ساغلام تەرەققىي قىلىشى، يېڭى ئېشىش نۇقتىسى شەكىللەندۈرۈشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يېڭىلىق يارىتىپ تۈرتكە بولۇشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. باش شۇجى شى جىنپىڭ: «قانچە تەرەققىي تاپمىغان رايونلار يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشقا شۇنچە ئېھتىياجلىق» دەپ كۆرسەتتى. يېڭىلىق يارىتىش تەرەققىياتقا يېتەكچىلىك قىلىدىغان بىرىنچى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ، يېڭىلىق ياراتقاندىلا كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشقا يېڭى ھاياتىي كۈچ قوشقىلى، ئۇنى يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى بىلەن تەمىنلىگىلى بولىدۇ. يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش سىناق رايونى ۋە ئۈرۈمچى ـ سانجى ـ شىخەنزە دۆلەت ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش رايونىنى شىنجاڭنىڭ پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشى ۋە ئىقتىسادنى يۇقىرى سۈپەتتە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تۈرتكە بولىدىغان مۇھىم موتورغا ئايلاندۇرۇپ، «ئىككى رايون» قۇرۇلۇشىغا تايىنىپ، رايوننىڭ يېڭىلىق يارىتىش ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئەلالاشتۇرۇپ، يېڭىلىق يارىتىش مۇھىم ئامىللىرىنىڭ مۇۋاپىق يۆتكىلىشى، يۇقىرى ئۈنۈملۈك سەپلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، «ئىككى رايون»نىڭ يېڭىلىق يارىتىشتا يېتەكچىلىك قىلىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، يېڭىلىق يارىتىپ تۈرتكە بولۇش ئارقىلىق يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولى ۋە ئەندىزىسى ئۈستىدە تىرىشىپ ئىزدىنىش كېرەك.

ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار تەرەققىيات چوڭ ۋەزىيىتىنى نەزەردە تۇتۇپ، پۈتۈن ۋەزىيەتنى كۆزلەپ، مۇھىم نۇقتىنى تۇتۇپ، كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ «مۇھىم تۇتقا»نى چىڭ تۇتۇپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىشتا يېڭى نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

2017 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى تولى ناھىيەسىنىڭ نامراتلىق قالپىقى ئېلىۋېتىلدى. لېكىن، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش ۋە ئۆستۈرۈشتە، ۋەزىيەت يەنىلا مۈشكۈل ئىدى. «تيانشان شياۋگې» شۇ جايدا زاۋۇت قۇرۇپ، شۇ جايدىكى 22 ئادەمنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىدىن 12سى بار. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە تولى ناھىيەسى، دۆربىلجىن ناھىيەسى ۋە چۆچەك شەھىرىنىڭ 30 مىڭ مو يەرگە نوقۇت تېرىشىغا تۈرتكە بولدى، بۇ ئارقىلىق 1000دىن ئارتۇق دېھقان ئائىلىسى كىرىمىنى ئاشۇردى.

بۇ يىلنىڭ بېشىدا، «تيانشان شياۋگې» شىنجاڭدىكى ھەرقايسى چوڭ سودا سارايى، تاللا بازارلىرىغا كىرىپ سېتىپ، بىرمەھەل تولى ناھىيەسىنىڭ خاس ئىسىم كارتىسىغا ئايلاندى. ئەمما تۇيۇقسىز تارقالغان يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى بۇ خىل ئەنئەنىۋى سېتىش ئەندىزىسىنى بىرمەھەل قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. سېتىش يېڭى ۋەزىيىتىنى قانداق ئېچىش كېرەك؟

«تيانشان شياۋگې» زاۋۇت رايونىنىڭ يېنىدا، تولى ناھىيەلىك ئېلېكترونلۇق سودا مۇلازىمەت مەركىزى بار ئىدى. دۆلەت دەرىجىلىك ئېلېكترونلۇق سودا ئىشلىرى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش ناھىيەسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، تولى ناھىيەسى نامراتلارنى يۆلەش يۈنىلىشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ئارقىلىق، يېزا ئېلېكترونلۇق سودا ئىشلىرى بىرقەدەر كەڭ ئومۇملاشتۇرۇلدى ۋە قوللاندى. بۇلتۇر 11 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، تولى ناھىيەلىك ئېلېكترونلۇق سودا مۇلازىمەت مەركىزى توردا ئالقىشلانغان بىۋاستە كۆرسىتىش ئۈلگىسى بىلەن ئۇدۇللىشىپ، «دوكتور + ھاكىم تونۇشتۇرۇش» شەكلىنى قوللىنىپ، ناھىيە تەۋەسىدىكى قۇرۇتۇلغان كالا گۆشىنى ۋاكالىتەن تونۇشتۇردى، سېتىش سوممىسى 960 مىڭ يۈەن بولدى، بۇ، لى ۋېيدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى.

«تيەنماۋغا چىقايلى!» بۇ يىل ئىش، ئىشلەپچىقىرىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، «تيانشان شياۋگې» دەرھال شۇنداق قارار قىلدى. ئەلۋەتتە، ئۇ ئېيتقان «تيەنماۋ» بەزى مۇھىم ئېلېكترونلۇق سودا سۇپىلىرىغا ۋەكىللىك قىلاتتى.

6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى «تيانشان شياۋگې» ئېلېكترونلۇق سودا ئارقىلىق مال ساتقان 10 ـ كۈنى بولۇپ، جەمئىي 200دىن ئارتۇق زاكازغا 100 مىڭ يۈەنلىكتىن ئارتۇق مال ساتتى. گەرچە مىقدارى ئازراق بولسىمۇ، لېكىن «تيانشان شياۋگې»غا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ بىر ياخشى باشلىنىش ئىدى.

7 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىگە كەلگەندە، «تيانشان شياۋگې» مەھسۇلاتلىرىنىڭ توردا سېتىلىشى جەمئىي 2000 زاكازغا كۆپىيىپ، 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن ھازىرغىچە توردا ۋە تور سىرتىدا سېتىلىش سوممىسى 1 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يەتتى. لى ۋېي مۇنداق دېدى: ئېلېكترونلۇق سودا «تيانشان شياۋگې»نىڭ تىجارەت ئەندىزىسىنى قايتا قۇردى، سېتىش مىقدارىمىز ئاشتى، تېخىمۇ مۇھىمى، سۈپەتلىك ماركىنىڭ تونۇلۇش دەرىجىسىنى زور دەرىجىدە ئاشۇردى.

«توردا ۋە تور سىرتىدا تەڭ كۈچ چىقىرىپ، ‹تيانشان شياۋگې› ئىككى قانىتىنى تەڭ قېقىپ پەرۋاز قىلىپ، تېخىمۇ كەڭ سەھنىگە يۈرۈش قىلىدۇ» دېدى ئۇ.

# ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى نۇقتىلىق رايونلاردا نوكلېئىك كىسلاتاسىنى ئىككىنچى قېتىم ھەقسىز تەكشۈرۈش قانات يايدۇرۇلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

جاڭ ۋېي مۇنداق تونۇشتۇردى: نۆۋەتتە، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ نوكلېئىك كىسلاتاسىنى ھەقسىز تەكشۈرۈش خىزمىتى كۆپ ساندىكى رايون(ناھىيە)لاردا ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى، تۈنۈگۈن يېڭىدىن كۆپەيگەن كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلار ئاساسەن پۈتۈن شەھەر بويىچە نوكلېئىك كىسلاتاسىنى ھەقسىز تەكشۈرۈش، تەشەببۇسكار ھالدا ئىلغاپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئايرىپ چىقىلغان. دۆلەت ئىچىدىكى باشقا رايونلارنىڭ تەجرىبىسىدىن قارىغاندا، نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللار ناھايىتى كۆپ ئىكەن، مەسىلەن، تەكشۈرۈش سىناق دورىسىنىڭ سەزگۈرلۈك دەرىجىسى، تەكشۈرۈلگۈچىنىڭ يۇقۇملىنىش ۋاقتى ۋە زەھەر تارقىلىش ۋاقتى، ئەۋرىشكە ئالغاندا تەكشۈرۈلگۈچىنىڭ ماسلىشىش ئەھۋالى(ياخشى ماسلاشمىسا ئەۋرىشكىنىڭ جايىدا ئېلىنماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن) ھەمدە تەكشۈرۈش مۇھىتى، تەكشۈرگۈچى خادىملارنىڭ مەشغۇلاتقا پىششىق بولۇش دەرىجىسى قاتارلىقلار. ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈشتىمۇ ساختا مەنپىي نەتىجە كۆرۈلىدۇ.

ساختا مەنپىي دېگىنىمىز، تەكشۈرۈلگۈچىنىڭ ھەقىقەتەن يۇقۇملانغۇچى بولسىمۇ، نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسىنىڭ مەنپىي چىققانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى، گۇمانلىق ئاغرىق مىسالى بىلەن يېقىندىن ئۇچراشقانلارنى ئادەتتە ئىككى قېتىم نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرگەندىن كېيىن ئاندىن ئايرىپ چىققىلى بولىدۇ. يۇقۇم خەۋپ ـ خەتەر دەرىجىسى ئوتتۇرا ھال، يۇقىرى رايونلارغا بارغانلارغا قارىتا، ئەگەر قىزىش ۋە نەپەس يولى كېسەللىك ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، بىر قېتىملىق نوكلېئىك كىسلاتاسى تەكشۈرۈش نەتىجىسىنىڭ مەنپىي بولۇشىدا ساختا مەنپىيلىك ئېھتىماللىقى بولۇشى مۇمكىن، ئىككى قېتىم نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرگەندىن كېيىن ئاندىن ئايرىپ چىققىلى بولىدۇ.

ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى سائەت نۆلدىن سائەت 24كىچە، ئۈرۈمچى شەھىرىدە يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالىدىن 22سى(بۇنىڭ ئىچىدە بەشى كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىدىن ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالىغا ئۆزگەرگەن) يېڭىدىن كۆپەيگەن، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىدىن 38ى يېڭىدىن كۆپەيگەن. 7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى سائەت 24كىچە، ئۈرۈمچى شەھىرىدە ھازىر بار بولغان ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى 135، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچى 147.